2021 - يىل 3 - ئاي
21
يەكشەنبە
维吾尔文 3 月21日
25367 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57    تىيانشان تورى: www.ts.cn

## 2 - ئاينىڭ ئاخىرى شىنجاڭدا تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.5% ئاشتى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ يۇڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدا، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش رولىنى سىجىل جارى قىلدۇرۇپ، كرېدىت تارقىتىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 2 تىرىليون 334 مىليارد 580 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.5% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە قارىغاندا 3.7 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولۇپ، ئېشىش سۈرئىتى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى.

دېھقان ئائىلىلىرىگە بېرىلگەن قەرز پۇل كۈچلۈك ئېشىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 130 مىليارد 420 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.5% ئاشتى. 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە يېڭىدىن 14 مىليارد 820 مىليون يۈەن ئېشىپ، ئېشىش مىقدارى بارلىق قەرز پۇلنىڭ ئېشىش مىقدارىنىڭ 33.7% نى ئىگىلەپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى  يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

## قىزىل بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلاشقا مەستانە بولغان 80 ياشلىق ياشانغان كىشى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش  ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش
ئەمەلىي ئىش قىلىش  يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

☐ ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى رايىدە، قۇمۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن يې سۈي

«قاراڭ، بۇلار يېقىندا توپلىغان ماتېرىياللار.» 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قۇمۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونى خوڭشىڭ جەنۇبىي يولىدىكى جاڭ بىڭيىڭنىڭ ئۆيىدە، 82 ياشلىق ئۇ يىغىپ ساقلاش ئىشكاپىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، قېلىن بىر دۆۋە خەت - چەكلەر ئارىسىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇجيەن ئۆلكىسى لۇڭيەن شەھىرى گۇتيەن يېزىنى خاتىرە سارىيى ۋە جىبجياڭ ئۆلكىسى جياشىڭ شەھىرى نەنخۇ ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پارچە ماتېرىيالنى ئېلىپ، قوشنىسى ھاۋاخان ھوشۇر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولدى.

«مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، مەن تېخىمۇ كۆپ كىشىگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا ئۈندەپ، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرمەكچىمەن.» قوشنىسى ھاۋاخاننىڭ سوئالىغا جاڭ بىڭيىڭ قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق جاۋاب بەردى.

جاڭ بىڭيىڭ پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى، نېمە ئۈچۈن بۇلارنى يىغىپ ساقلايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، ياشانغان كىشى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، قۇمۇلدا توپىلاڭچى ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبە بانكىسىدىكى ئالتۇننى بۇلاش پەۋقۇلئاددە زور دېلوسى يۈزبەرگەن، يەنى شۇ كۈنى جاڭ بىڭيىڭنىڭ ئۆيىگە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئوت قويىۋەتكەن. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئازادلىق ئارمىيە قۇمۇلغا كىرىپ، ئائىمىغا ئاساسىي تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تارقىتىپ بەرگەن، گۆدەك جاڭ بىڭيىڭ پاختىلىق چاپان ۋە چوڭگۈنگە ئېرىشكەن، بۇ مېھىر - شەپقەتنى ئۇ ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمىدى.

ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، جاڭ بىڭيىڭنىڭ قەلبىگە قىزىل ئۇرۇق چېچىلدى. 1965 - يىلنىڭ بېشىدا، جاڭ بىڭيىڭ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 33 ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ ئەينى چاغدا ھەرقايسى جايلاردىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقلىرىنىڭ كۆندىلىك باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ تەكشى ئەمەسلىكىنى، نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەھرىماندىلىق ئىش ئىزلىرىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى

# تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە - ئۈنۈمنى مۇقىملىق، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

## شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتناشتى.

يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى، شى جىنپىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدا»، «ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندىلەر»، «شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشكە دائىر سوئال - جاۋابلار»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. يىغىندا، چېن چۈەنگو، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 100 يىللىق داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىش داۋامىدا، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ تارىخنى يارىتىپ، ئۇلۇغ روھنى يارىتىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزىنى ياراتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخى جۇڭگونىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زاماندىن بۇيانقى تارىخىدىكى تىللاردا داستان قىلىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان سەھىپە. پارتىيەنىڭ قالتىس مۇساپىسىدىن ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت كۈچى ۋە ئەمەلىيەت كۈچىنى ھېس قىلىپ، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە، يۈزبەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىمىز.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## باھاردا كۆكتوقايغا كېلىپ قاردىن ھۇزۇرلىنىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون چوڭ كەسپىنىڭ مىكرو كۆرۈنۈشى ⑫

☐ ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر ۋاڭ شاۋيۇڭ

گەرچە ئەتىياز پەسلى بولسىمۇ، بىراق كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى ئۆزگىچە كىلىمات شارائىتىغا تايىنىپ، يەنىلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرىنى كېلىپ قاردىن ھۇزۇرلىنىشقا جەلپ قىلماقتا.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قار تېيىلىش مەيدانىغا كىرگەندە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرى كۆك ئاسمان ئاستىدا ئاپئاق قارغا دەسسەپ، ئېگىز تاغدا قار تېيىلىشنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى.

كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى قار تېيىلىش ئالتۇن كەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، قار مەزگىلى يەتتە ئايغا يېتىدۇ، ئۇ ئاۋام قار تېيىلىش، تەبىئىي قار تېيىلىش، ماھارەت كۆرسىتىپ قار تېيىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال تىپتىكى قار تېيىلىش مەيدانى. قار تېيىلىش مەيدانىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك قار تېيىلىش يولىدىن 44ى تەسىس قىلىنغان، قار تېيىلىش يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 58 كىلومېتىر كېلىدۇ، تەبىئىي قار تېيىلىش مەخسۇس رايونىنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 920 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ھەم كەسپىي قار تېيىلىش يولى ۋە ئاممىۋى ساياھەت قار تېيىلىش يولىنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، ھەم كەڭ قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرىنى كۆپ مەنبەلىك قار تېيىلىش ھۇزۇرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## قويۇق يېشىللىقنى ئەۋلادلارغا قالدۇرايلى

سۆز ھەممىگە

☐ جاڭ بېي

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 9 - قېتىملىق «دۇنيا ئورمان كۈنى». بۇ يىلقى بۇ خاتىرە كۈنىدە، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. چۈنكى، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

مەۋقەنى دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيەدىن ئىبارەت بۇ «مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانغا كىرگۈزۈلگەن، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈلگەن ھازىرقى پەيتتە، شىنجاڭ جىنفېڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى جىنفېڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ ئورمان كۆلىمى ئېشىپ 120 مىليون موغا يەتتى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ساۋ خۇانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تەبىئىي ئورمانىنى قوغداش، سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئورمان كۆلىمى ۋە زاپاس مىقدارىنى ئۆتكەن بەش يىلدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 مىليون 768 مىڭ مو ۋە 35 مىليون كۇب مېتىر ئاشۇرغان. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئورمان كۆلىمى ئېشىپ 120 مىليون موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.02% كە يەتكەن.

شىنجاڭنىڭ ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، 2008 - يىلى، شىنجاڭ ئون چوڭ ئورمان ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، بۇ، تاغلىق رايون، تۈزلەڭلىك بوستانلىقى ھەم بوستانلىق گىرۋەكىدىكى چۆللۈك قاتارلىق كەڭ رايونلارنى قاپلىدى، چوڭقۇر يولغا قويۇش ۋە ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئورمان بايلىقى كۆلىمى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئورمان تۈرى قۇرۇلمىسى، يەر ھوقۇقى تەۋەلىكى قۇرۇلمىسى، ئورمان ئايرىمىسى قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە ھەم كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



ئايدىڭكۆلدە قۇشلار لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، سۇ قۇشلىرى ئايدىڭكۆل سۇلۇق يېرىدە پەرۋاز قىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئايدىڭكۆل سۇلۇق يېرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ئاق قۇ، ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز، ئاق قوتان قاتارلىق ياۋايى قۇش تۈرلىرى بەس - بەستە بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپ كۆپەيدى.
☐ لىۋ جيەن فوتوسى

## تېخىمۇ گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېخىمۇ كۆپ ئېكولوگىيەلىك مەھسۇلات

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولايلى

☐ ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى شىڭ

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەڭگۈلۈك سىجىل تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك توپ زور پىلان. باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك.

مۇھىت خەلق تۇرمۇشى دېمەكتۇر، يېشىل تاغ گۈزەللىك دېمەكتۇر، كۆك ئاسمانمۇ بەخت دېمەكتۇر. ئاپتونوم رايونىمىز 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تېز تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇردى.

### ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى

3 - ئايدا، بارلىق شەيئى جانلىنىپ، قار - مۇزلار ئېرىدى. ئاقسۇ دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىدا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)